# شى جىنپىڭ چەت ئەللەرنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى تاپشۇرغان دۆلەت خېتىنى قوبۇل قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا ئون دۆلەتنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى تاپشۇرغان دۆلەت خېتىنى قوبۇل قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بېيجىڭ، كۆز ھاۋاسى ساپ ۋە سالقىن ئىدى. خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدا، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى رەتلىك تىزىلغانىدى، كانايچى مېھمان كۈتۈۋېلىش بۇرغىسىنى چالدى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، قىزىل پايانداز بويلاپ پەلەمپەيدىن چىقىپ، بېيجىڭ زالىغا كىرىپ، تەرتىپ بويىچە شى جىنپىڭغا دۆلەت خېتى تاپشۇردى. شى جىنپىڭ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ھەم سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. بۇ ئون نەپەر يېڭىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى: مالىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى داكو، لېسوتونىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سېتتانى، پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ھاشمى، قاتارنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دۇھىمى، ئاۋستىرالىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فۇ گۇەنخەن، زىمبابۋېنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چېدوندو، ئېستونىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋېنكانت، مالايسىيانىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نۇسسىلۋان، مالدىۋېنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەزما، گۋىنېيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دۇل.

شى جىنپىڭ ھەرقايسى دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ يېڭى ۋەزىپە ئۆتەشنى قارشى ئالدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەرقايسى دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى قولايلىق ۋە مەدەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئەلچىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پائال رول جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەلچىلەر ئۆز دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ شى جىنپىڭغا يوللىغان سەمىمىي سالىمىنى يەتكۈزدى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھەمدە دۇنيانىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان غايەت زور تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى. ئۇلار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھەرقايسى دۆلەتلەر جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىدۇ. ئۇلار جۇڭگوغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن چوڭقۇر شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

شى جىنپىڭ يەنە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سىستېمىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ماسلاشتۇرغۇچىسى لو شىلى تاپشۇرغان ھاۋالىلىك تەيىنلەش خېتىنى قوبۇل قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللايدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى قوللايدۇ.

ۋاڭ يى يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باشتىن ـ ئاخىر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، باشتىن ـ ئاخىر ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئىدىيەسىنى يولغا قويۇشىدا. جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، مەن بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن. سىزنىڭ بۇ قېتىم جۇڭگوغا كېلىپ جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان ھۆكۈمەتلەر ئارا ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ 5 ـ يىغىنىنى ئورتاق رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ ئاكتىپ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى توغرا يولنى ساقلىسىلا، ئىككى تەرەپ بېكىتكەن تۈرلۈك ھەمكارلىق نىشانى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان ئىككى تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چېگرا ھالقىغان تاشيول، تۆمۈريولدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆزئارا ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد ـ سودا، سېلىنما، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا، ئېنېرگىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئادەمىيەت ھەمكارلىقىدا يېڭى يارقىن نۇقتا يارىتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئۆزبېكىستاننىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى كېڭەيتىشنى خالايدۇ، ئۆزبېكىستاننىڭ ئاساسلىق مېھمان دۆلەت سۈپىتىدە 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشىنى قارشى ئالىدۇ. ئىككى تەرەپ كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ «ئۈچ خىل كۈچ» ۋە زەھەر ئەتكەسچىلىكى قاتارلىق دۆلەت ھالقىغان تەشكىللىك جىنايەتكە زەربە بېرىپ، رايون خەۋپسىزلىكى ۋە ئىككى دۆلەت تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تارىختىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت قۇدرەت تاپسىلا زومىگەرلىك قىلىدىغان كونا يولىدا ھەرگىز ماڭمايدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش ئۈچۈندۇر. جۇڭگو تەرەپ ئۆزبېكىستان تەرەپ بىلەن خەلقئارا ئىشلاردىكى ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ دېموكراتىيەلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان ئىككى تەرەپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى باشقا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىللە تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، رايوندىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشى كېرەك.

ئارىپوۋ زۇڭتۇڭ مىرزىيويېۋنىڭ رەئىس شى جىنپىڭغا يوللىغان سەمىمىي سالىمى ۋە ئالىي ئېھتىرامىنى يەتكۈزدى. زۇڭتۇڭ مىرزىيويېۋ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگونىڭ تېخىمۇ گۈللىنىپ، قۇدرەت تېپىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشىغا چىن كۆڭلىدىن تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

ئارىپوۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ئۆزبېكىستان تەرەپنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك قوشنىسى ۋە ھەمراھى. ئۆزبېكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىللە، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ھاسىل قىلغان مۇھىم ئورتاق تونۇشنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. زۇڭتۇڭ مىرزىيويېۋ ئۆزبېكىستان تەرەپنىڭ مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەمكارلىقىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئەلئارا ۋە ئادەمىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى بېكىتتى. ئۆزبېكىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى ۋە بىرلىكىنى قوغداشنى قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىشكە پائال ماسلىشىشنى خالايدۇ.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ـــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

# مىليونلىغان دەريا باشلىقى سۇنى قوغداپ ئۇزاققىچە سۈزۈكلۈكنى ساقلىدى

## ـــ دەريا باشلىقى تۈزۈمى دەريالارنى تۈزەش يېڭى دەۋرنى ئاچتى

**باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار**

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئېكولوگىيەلىك مۇھىت پارتىيەنىڭ بۇرچى، ئاساسىي مەقسەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلە، شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور ئىجتىمائىي مەسىلە. ئۇ، پۇقرالارغا سۈيى سۈزۈك، قىرغاقلىرى يېشىل، تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئېقىنلاردا بېلىقلار بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرىدىغان مەنزىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

يېڭى دەۋرگە كىرگەندە، «دەريا باشلىقى تۈزۈمى» جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئەمەلىيىتىگە ئايلاندى. «ھەر بىر دەريا ـ ئېقىننىڭ ‹دەريا باشلىقى› بولىدىغان بولدى» ـــ 2017 ـ يىلى يېڭى يىل ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە شۇنداق دېدى.

2018 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا دەريا باشلىقى تۈزۈمى مۇددەتتىن بۇرۇن دۆلىتىمىزدە ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلىپ، جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنى بېقىپ كېلىۋاتقان ئون مىليونلىغان دەريانىڭ مەخسۇس قوغدىغۇچىسى بار بولدى.

### مىليونلىغان دەريا باشلىقى دەريالارنى چارلىدى

باش كۈزدىكى چىڭقى چۈش، كۈن ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، دىيەنچى كۆلىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى شىنيۈنلياڭ دەرياسى بويىدا، بىر كۆلەڭگە تولىمۇ ئالدىراش ئىدى.

يۈننەن ئۆلكىسى كۇنمىڭ شەھىرى ۋۇخۇا رايونى پۇجى كوچىسى پۇجى مەھەللىسىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى، مەھەللە دەريا باشلىقى لى جۇنبياۋ دەريا يولىنى ئەستايىدىل چارلاپ تەكشۈرۈپ، بۇلغىما يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈۋاتاتتى. مەيلى تومۇز ئىسسىق، يامغۇر ـ يېشىن بولسۇن، ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم دەريا چارلاش ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ۋەزىپىسى ئىدى.

دىيەنچى كۆلىگە قۇيۇلىدىغان 30 نەچچە دەريا ـ ئېقىن ئىچىدە، ئۇزۇنلۇقى ئاران ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان شىنيۈنلياڭ دەرياسى ئانچە كۆزگە چېلىقمايدۇ. لېكىن لى جۇنبياۋنىڭ نەزىرىدە، بۇ كىچىك دەريا ناھايىتى قالتىس. «نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى، دىيەنچى كۆلى ئەتراپىدىكى ئاشلىق مۇشۇ دەريا ئارقىلىق كۇنمىڭ شەھىرىگە توشۇلاتتى».

ھالبۇكى، شەھەردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى سەۋەبىدىن، شىنيۈنلياڭ دەرياسى بىر مەھەل ھەممە ئادەم ئۆزىنى قاچۇرىدىغان قارا، سېسىق دەرياغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

«ئىلگىرى زور مىقداردىكى پاسكىنا سۇ بىۋاستە دەرياغا قويۇپ بېرىلەتتى، ناھايىتى كۆپ قىسمى دىيەنچى كۆلىگە ئېقىپ كىرەتتى.» كۇنمىڭ شەھىرى ۋۇخۇا رايونلۇق سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاڭ شىخۇا ئەسلەپ مۇنداق دېدى: 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، دىيەنچى كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتى تېز سۈرئەتتە ناچارلىشىپ V تۈركۈمگە چۈشۈپ قالغانىدى.

كۆپ يىل سىجىل تۈزەش ئارقىلىق، بۇلغىنىش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان دىيەنچى كۆلى قايتا ھاياتلىقنى كۆتۈۋالدى. 2018 ـ يىلى، دىيەنچى كۆلىنىڭ پۈتۈن سۇ سۈپىتى IV تۈركۈمگە كۆتۈرۈلۈپ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى سۇ سۈپىتى بولۇپ قالدى. ئىككى قىرغاقتا يايپېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى، دەريا سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن تېگىنى كۆرگىلى بولاتتى، بىر مەھەل ئېغىر بۇلغانغان شىنيۈنلياڭ دەرياسىنىڭمۇ ئىلگىرىكى گۈزەل قىياپىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى.

دىيەنچى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ھەر دەرىجىلىك دەريا باشلىقلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز چارلىشى، قوغدىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. شىنيۈنلياڭ دەرياسىغا ئوخشاش، دىيەنچى كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئاساسلىق 35 دەريا ـ ئېقىندا ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە، يېزا، كەنت بەش دەرىجىلىك كادىرلار دەريا باشلىقى بولغان تۈزەش سىستېمىسى ئورنىتىلدى.

مەھەللە دەريا باشلىقى ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغاندىن بۇيان، لى جۇنبياۋنىڭ دەريا ياقىسىنى قانچە قېتىم چارلاپ تەكشۈرگەنلىكى ئۆزىنىڭمۇ ئېسىدە يوق، «مەيلى كىچىك ئاشخانىلار ئوغرىلىقچە يۇندىنى دەرياغا تۆكسۇن، مەيلى دەريا ياقىسىدىكى كىچىك دۇكانلار يولنى ئىگىلەپ تىجارەت قىلسۇن، ئۆز ئالدىغا قالايمىقان قۇرۇۋالسۇن، مەسىلىنى بايقىسىلا، بىز قەتئىي ئاخىرغىچە تەكشۈرىدۇق».

2016 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «دەريا باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، 2018 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن دەريا باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

سۇچىلىق مىنىستىرلىقى دەريا باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دەريا ـ كۆل باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن كۆزەتكۈچىسى ليۇ ليۈەن مۇنداق تونۇشتۇردى: دۆلىتىمىز 2018 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى دەريا باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورناتتى ھەم 2018 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورناتتى. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە، يېزا تۆت دەرىجىلىك جەمئىي 300 مىڭدىن كۆپرەك دەريا باشلىقى، كۆل باشلىقى تەسىس قىلدى؛ ھەرقايسى جايلار يەنە شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كەنت دەرىجىلىك 900 مىڭدىن كۆپرەك دەريا باشلىقى، كۆل باشلىقى تەسىس قىلدى.

### يوقاپ كەتكەن دەريا دېلفىنى قايتا پەيدا بولدى

«پاكار قورشاۋلار چېقىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئون نەچچە يىل يوقاپ كەتكەن دەريا دېلفىنى قايتىپ كەلدى!» دېدى دۇڭتىڭخۇ كۆلى ساھىلىدىكى لۇخۇ كۆلى قومۇش مەيدانىدا يەرلىك بېلىقچى خۇشال ھالدا مۇخبىرغا.

دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ «چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ بۆرەكى»، «بېلىق ـ گۈرۈچ ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار. ئەمما ئۇزاقتىن بۇيان، باقمىچىلىق كىرەكسىز سۈيى كۆل سۈيىنى بۇلغىدى، پاكار قورشاۋ، تور قورشاۋ ئارقىلىق كۆل يۈزى بۆلۈۋېتىلدى، قانۇنسىز قۇم قېزىش خۇجۇۋنى قۇرۇتۇۋەتتى، «سۇلۇق يەر سۇ پومپىسى» دەپ نام ئالغان ياۋروپا ـ ئامېرىكا قارا تېرەكى كۆل رايونى ئېكولوگىيەسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى...

بۇنىڭغا قارىتا، خۇنەن ئۆلكىسى دەريا باشلىقى تۈزۈمىنى باشلىنىش قىلىپ، گۈزەل دۇڭتىڭخۇ كۆلى قۇرۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

ھەر دەرىجىلىك دەريا باشلىقلىرى، كۆل باشلىقلىرىنىڭ ئورتاق تۈرتكىسىدە، 2017 ـ يىلى قىشتا، خۇنەن دۇڭتىڭخۇ كۆلى ئەتراپىدىكى 3 مىليون تۈپكە يېقىن ياۋروپا ـ ئامېرىكا قارا تېرەكىنى كېسىپ تاشلىدى؛ شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، دۇڭتىڭخۇ كۆلى ئىچىدىكى 472 ئورۇندىكى پاكار قورشاۋ، تور قورشاۋ چۇۋۇۋېتىلدى، ئېكولوگىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، كەلكۈن ئاققۇزۇشقا تەھدىت سالىدىغان قانۇنسىز پاكار قورشاۋلار ئاساسىي جەھەتتىن چۇۋۇپ تاشلاندى.

دەريا ـ كۆللەرنى تۈزەش جەڭلىرىدە، ھەر دەرىجىلىك دەريا باشلىقلىرى، كۆل باشلىقلىرى ئاچقۇچلۇق رول ئوينىماقتا.

سۇچىلىق مىنىستىرلىقى دەريا باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دەريا ـ كۆل باشقۇرۇش مەھكىمىسى دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمى خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى چۈنمىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2018 ـ يىلىلا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە، يېزا تۆت دەرىجىلىك دەريا باشلىقلىرى، كۆل باشلىقلىرىنىڭ دەريا چارلاش، كۆل چارلاش قېتىم سانى 7 مىليون 170 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى، بەزى ئۆلكىلەردە دەريا باشلىقلىرى، كۆل باشلىقلىرى چارلاپ تەكشۈرۈپ بايقىغان ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۈزەتكەن دەريا ـ كۆللەردىكى مەسىلە 100 مىڭدىن ئاشتى.

«مىڭ كۆل ئۆلكىسى» دېگەن نامى بار خۇبېيدا، يەرلىك مەسىلە يۈنىلىشىنى ئاچقۇچلۇق نۇقتا قىلىپ، دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمىدە «دەريا باشلىقىنى كۆرۈش» «ھەرىكەتنى كۆرۈش» «نەتىجە ـ ئۈنۈمنى كۆرۈش»كە كۈچەپ تۈرتكە بولدى.

خۇبېي ئۆلكىسى خۇاڭشى دايې كۆلى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شىجۈن بۇلتۇر بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىككى باقمىچىلىق مەيدانىنى تاقىمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى دايې شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى، دايې شەھىرىنىڭ بىرىنچى باش دەريا ـ كۆل باشلىقى ۋاڭ گاڭ تەرىپىدىن بىۋاستە سۆھبەتكە چاقىرتىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. سۆھبەتلىشىپ يەتتە كۈندىن كېيىنلا، دايې كۆلى ساھىلىدىكى ئىككى باقمىچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممىسى تاقالدى.

«دەريا باشلىقى تۈزۈمى تېخىمۇ كۆپ كىشىنى دەريالارنى تۈزەشكە قاتناشتۇردى، قوغداش كۈچلىرى ھەسسىلەپ ئاشتى.» جاڭ شىخۇا مۇنداق دېدى: كۇنمىڭ شەھىرى ۋۇخۇا رايونىنى مىسال قىلساق، پۈتۈن رايوندىكى ئاساسلىق دەريا ـ ئېقىن 80 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، «سۇ ئىشلىرى تارماقلىرىغىلا تايانغاندا، بۇنداق يۇقىرى سۈپەتلىك نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، چارلاش، قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.»

### ئومۇمىي خەلق دەريانى قوغدىدى سۇ ئۇزاققىچە سۈزۈلدى

دەريا باشلىقى تۈزۈمى، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىش جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بەستە ـ بەستە دەريا باشلىقى، كۆل باشلىقى بولۇپ، قەرەللىك ھالدا دەريانى چارلاپ، كۆلنى چارلاپلا قالماي، بىر ئالاھىدە توپ ـــ «شەھەر ئاھالىلىرى دەريا باشلىقلىرى» «ئەل ئىچى كۆل باشلىقلىرى»مۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، دەريا ـ كۆللەرنى قوغداش خىزمىتىدىكى يېڭى «مەنزىرە»گە ئايلاندى.

«مېنىڭ نىشانىم ئەۋلادلارغا دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسىتىش.» دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى «ئەل ئىچى كۆل باشلىقى» خې داملىڭ كېمىنى ھەيدەپ دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ دەريا دېلفىنى كۆپرەك ھەرىكەت قىلىدىغان پيەنشەن ئارىلى رايونىدا كۆل چارلاۋاتاتتى، كۆز ئالدىدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر ليۇ يۈشى تەسۋىرلىگەن «يىراقتىن نەزەر سالسام دۇڭتىڭخۇ كۆلىنىڭ يېشىل تاغ ـ دەريالىرى، كۆرۈنەر خۇددى كۈمۈش تەخسىدىكى يېشىل قۇلۇلدەك» دېگەن گۈزەل مەنزىرە ئىدى.

2018 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنى تەكشۈرۈپ، دۇڭتىڭخۇ كۆلى رايونىدىكى يۆياڭ شەھىرىگە كېلىپ، ئەمەلىي ۋاقىتتا كۆزىتىش ئارقىلىق دۇڭتىڭخۇ كۆلى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئېكولوگىيەنى قوغداش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ كۆپچىلىكنى چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، دەريانىڭ زۇمرەتتەك سۈيىنى ياخشى قوغداشقا رىغبەتلەندۈردى.

«باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىزنى ناھايىتى روھلاندۇردى، زىممەمدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم» دېدى خې داملىڭ.

بۇ يىل 1 ـ ئايدا، كۇنمىڭدىكى 100 «شەھەر ئاھالىلىرى دەريا باشلىقى» كوللېكتىپى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر مەيدان ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش مۇراسىمى دىيەنچى كۆلى ساھىلىدە ئۆتكۈزۈلدى. 36 ياشلىق تۇلۇم قولۋاق ھەۋەسكارى چېن جياجيا تۇلۇم قولۋاق كۇلۇبىدىكى 40 نەچچە ھەمراھى بىلەن تەشكىللىگەن كوللېكتىپ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ، ئۇلار دىيەنچى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان دەريا ـــ چۇەنفاڭ دەرياسىنى كۆزىتىشكە مەسئۇل بولدى.

«ئۇچراشقاندىلا، ئاندىن ئاسراشنى بىلىدۇ.» چېن جياجيانىڭ دېيىشىچە، دەل تۇلۇم قولۋاق ھەيدەشنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ۋە ھەمراھلىرى سۇغا شۇ قەدەر چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئىكەن.

ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ياكى خىزمەت كۈنلىرى بالدۇرراق ئىشتىن چۈشكەندە، چېن جياجيا ھەمراھلىرى بىلەن چۇەنفاڭ دەرياسى بويىدا ئۈچرىشىپ تۇلۇم قولۋاق ھەيدەپ دەريانى چارلاپ، سۇدىكى ئەخلەتلەرنى يىغقاچ، قىرغاق بويىدىكى بېلىق تۇتىدىغان شەھەر ئاھالىلىرىگە نەسىھەت قىلدى. بەزى بېلىق تۇتىدىغان شەھەر ئاھالىلىرى چۈشەنمىدى، لېكىن چېن جياجيا ھەر قېتىم ئۇلارغا تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، سەممىيلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

«مەن باشقىلارنى رەنجىتىشكە رازىمەنكى، دىيەنچى كۆلىنى رەنجىتىشنى خالىمايمەن» دېدى چېن جياجيا.

ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكى پاكىز، سۈزۈك دىيەنچى كۆلىنى دائىم ئېسىدىن چىقارمايدۇ. «ئەينى چاغدا، دىيەنچى كۆلىدە سۇ ئۆزگىلى بولاتتى، سۇ ئۈزۈپ بولۇپ قىرغاققا چىققاندىن كېيىن، دادام ھەمىشە ماڭا بىر بوتۇلكا دولانا گازلىق سۈيى ئېلىپ بېرەتتى».

بۈگۈنكى كۈندە، كۆپ يىل تۈزەش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى سېسىق پۇرىقى ھەممە يەرنى بىر ئالىدىغان چۇەنفاڭ دەرياسى دىيەنچى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان دەريالار ئىچىدە سۈيى ئەڭ سۈزۈك، مەنزىرىسى ئەڭ گۈزەل دەريالارنىڭ بىرىگە ئايلاندى، نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى بوش ۋاقىتلىرىدا دەريا بويىغا كېلىپ سەيلە ـ تاماشا قىلىدىغان بولدى.

چېن جياجيانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قولۋاق ھەيدەپ چۇەنفاڭ دەرياسىنى بويلاپ دىيەنچى دەرياسىغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بېرىپ، كۇنمىڭ شىسەن تېغىدا قۇياشنىڭ ئولتۇرۇشىدەك گۈزەل مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىكەن، «كەچكى قۇياش سۈزۈك سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ، تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ، خۇددى كىچىك ۋاقتىمغا قايتقاندەك بولىمەن.»

**(يازغان مۇخبىرلار: لى زىلياڭ، پاڭ مىڭگۇاڭ، شى ۋېيبېن، ۋاڭ شيەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**